## 196846 ـ تاھارەتتە ئارقىمۇ-ئارقىدىن يۇيىدىغان ئەزالارنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈپ قويسا، تاھارەتنى قايتىدىن ئېلىش كېرەك بولامدۇ؟

### سۇئال

ئىنسان تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئىشىك چېكىلگەن بولسا، تاھارەتنى كامىل ئېلىشتىن ئىلگىرى بىرىپ ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئۆيگە كىرگەن كىشىگە: كۆتۈپ تۇرۇڭ تاھارەت ئېلىۋاتاتتىم دېسە، ئۇ كىشى تاھارەتنى ئىشىكنى ئاچىدىغان ۋاقىتتا توختىغان ئورۇندىن داۋاملاشتۇرامدۇ ياكى يېڭىدىن ئالامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ مەسىلە: تاھارەتنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىش تاھارەتنىڭ سەھىھ بولۇشىنىڭ شەرتىمۇ دېگەن ئاساسقا قارىتا بېكىتىلىدۇ.

تاھارەتنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىش تاھارەتنىڭ سەھىھ بولۇشىنىڭ شەرتى دېگەنلەر ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىشنىڭ قائىدىسىنى بېكىتىش ۋە تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزالارنىڭ ئارىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈزۈلۈش توغرىسىدا پەرقلىق قاراشتا بولدى.

ھەنبەلى مەزھەپ ئالىملىرى تاھارەتتىكى ئارقىمۇ-ئارقا ئېلىشنىڭ قائىدىسى: تاھارەتتە نورمال ۋاقىتتا ئىككىنچى بىر ئەزانى يۇيۇشنى بىرىنچى ئەزانى يۇيۇپ ئۇ ئەزا قۇرۇپ بولغىچە كېچىكتۈرمەسلىك دېگەن قاراشتا بولدى.

مىرداۋي رەھىمەھۇللاھ "ئەلئىنساپ" 1-توم 141-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" تاھارەتتىكى ئارقىمۇ-ئارقا ئېلىش: نورمال ۋاقىتتا ئىككىنچى بىر ئەزانى يۇيۇشنى بىرىنچى ئەزانى يۇيۇپ ئۇ ئەزا قۇرۇپ بولغىچە كېچىكتۈرمەسلىك دېمەكتۇر، بۇ مەزھەپتىكى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر".

ئىككىنچى قاراش: تاھارەتتىكى ئارقىمۇ-ئارقا ئېلىشنىڭ قائىدىسى شۇ يەرنىڭ ئۆرپىسىگە قارىلىدۇ، ئۆرپىدە بۇ ئىش ئوچۇق پاسىل-ئۈزۈش- دېيىلسە، بۇ پاسىل ئارقىمۇ-ئارقا ئېلىشنى ئۈزۈۋېتىدۇ، ئۆرپىدە پاسىل ئەمەس دەپ قارالغان بولسا ئۇ پاسىل بولمايدۇ. بۇ قاراش ئىمام ئەھمەدتىن رىۋايەت قىلىنغان.

مىرداۋي رەھىمەھۇللاھ "ئەلئىنساپ" 1-توم 141-بەتتە ئىمام ئەھمەتنىڭ: ئۆرپىدە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشمۇ پاسىل دەپ

ئىتىبارغا ئېلىنىدۇ دېگەن سۆزىنى بايان قىلغان.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بەزى ئالىملار-بۇ ئىمام ئەھمەدتىن رىۋايەت قىلىنغان-ئەزاننىڭ قۇرۇشى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆرپىدە ئارىلىقتىكى ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن بولىشىمۇ پاسىل ئىتىبارغا ئېلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. تاھارەتتە ئەزالارنى بىر-بىرىدىن ئۆزمەي يىقىن ئارىلىقتا تاماملاش كېرەك. كىشىلەر: بۇ كىشى تاھارەتنىڭ ئارىسىنى ئۆزمەي ئارقىمۇ-ئارقا ئالدى دېسە، بۇ ئارقىمۇ-ئارقا ئالغانلىق دەپ ئىتىبارغا ئېلىنىدۇ، ئالىملار نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۆرپىنى ئىتىبارغا ئالغان، لېكىن بەزى ۋاقىتتا ئۆرپە قائىدە بولالمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ھۆكۈم يىقىن ئەزالارنىڭ قۇرۇشىغا ئالاقىدار بولىدۇ". ["شەرھىل مۇمتى" 1-توم 193-بەت].

سوئالدا زىكىر قىلىنغان ئىش دېگەن پەقەت ئىشىكنى ئېچىپ قويۇش بولۇپ بۇ تاھارەتتىكى ئارقىمۇ-ئارقا ئېلىشنى ئۈزۈپ قويۇش دەپ ئىتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بىز بۇ قائىدىنى دېسەكمۇ ياكى ئارقىمۇ-ئارقا ئېلىشنى بېكىتسەكمۇ ئوخشاش، ئىشىكنى ئېچىشقا ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ، يۇيۇپ بولغان ئەزا قۇرۇپ بولغىچە ئىشىكنى ئېچىپ قايتىپ تاھارەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەمما ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ يەنە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا تاھارەتنى يېڭىدىن ئېلىش كېرەك بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.